# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 5 - ئاي

19

يەكشەنبە

维吾尔文 5月19日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网: www.xjdaily.com

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24700 - سان　بۈگۈن 4 بەت

# جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى ئاسىيا مەدەنىيلىكى ۋە دۇنيا مەدەنىيلىكىگە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك

## —— رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقى توغرىسىدا

☐ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

ھەرقانداق بىر خىل مەدەنىيلىك كۆچمە، ئوچۇق بولىدۇ، بۇ، مەدەنىيلىكنىڭ تارقىلىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم قانۇنىيىتى. ئۇزاق مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى باشقا مەدەنىيلىك بىلەن ئالماشتۇرۇلۇش داۋامىدا مول ئوزۇقلۇق ئېرىشتى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

«كەلگۈسىدىكى جۇڭگو مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ ئوچۇق قىياپەت بىلەن دۇنياغا كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ، تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولغان مەدەنىيلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دۇنياغا تۆھپە قوشىدۇ.» ئاسىيا مەدەنىيلىك سۆزلىشىش يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىكى ئاساسىي مەقسەت نۇتقىدا، رەئىس شى جىنپىڭ جۇڭخۇا مەدەنىيلىكىنىڭ ۋارىسلىق قىلىپ يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىپ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشىنىڭ چوڭقۇر ئاساسىنى شەرھلىدى،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

### چېن چۈەنگو ئۈرۈمچىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش كېرەك

**مۇخبىرىمىز ياۋ تۇڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رېتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈرۈمچى ئوتتۇرا ئاسىيا ئالتۇن، ئېسىل قاشتاش كەسپلەر باغچىسىدا ھازىر ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاش ھەم مۇناسىۋەتلىك كەسپ كارخانىلىرىدىن 20سى بار بولۇپ، ئالتۇن، ئېسىل قاشتاشنى لايىھەلەش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، كۆرگەزمە قىلىش، سودا قىلىش، مەدەنىيەت، ساياھەت قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان پۈتۈن كەسپلەر زەنجىرىنىڭ توپلىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئوسمانىي ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەت پىششىقلاش چەكلىك شىركىتىدە چېن چۈەنگو كارخانا مەسئۇلى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلىشىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئەستايىدىل ئىگىلىدى. قەشقەر يوپۇرغا ناھىيەسىدىن كەلگەن 22 ياشلىق نۇرگۈل بارات ۋە ئېرى بۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن ھەر ئايدا 5000 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلىدىكەن، ئۇلار بۇ يەردىكى خىزمىتى، تۇرمۇشىدىن ناھايىتى رازى ئىكەن. چېن چۈەنگو مۇنداق كۆرسەتتى: ئىشقا ئورۇنلىشىش خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئاساسى، ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، كەسىپ ئارقىلىق كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش، كەسىپ ئارقىلىق كىشىلەرنى مۇقىم قىلىش كېرەك.

شىنجاڭ كەيۋو يېڭى ماتېرىيال پەن - تېخنىكا پاي چەكلىك شىركىتىدە چېن چۈەنگو تۈر قۇرۇلۇشى، تېخنىكا تەتقىق قىلىپ ئېچىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: يېڭىلىق يارىتىش كارخانىنىڭ جېنى، كارخانىلارنىڭ تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، كارخانىلارنى زورايتىش، كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش كېرەك.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: چېن چۈەنگو شىنچىكاڭ دورىگەرلىك پاي چەكلىك شىركىتىدە كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئىگىلىمەكتە. ☐ مۇخبىرىمىز **سۈي جېجيەن** فوتوسى

### سۇپا بەرپا قىلىش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

## ئاپتونوم رايونىمىز مېيىپلەرگە مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى

**مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل ناسىر** خەۋەر قىلىدۇ: «بۇ يىل، بىز ناھىيەلەردە مېيىپلەرگە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش سۇپىسى قۇرۇشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، يېزا دەرىجىلىك ئورۇنلاردا مېيىپلەر بىرلەشمىسى بولۇشىنى، كەنت دەرىجىلىك ئورۇنلاردا مېيىپلەر جەمئىيىتى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مېيىپلەرنىڭ يېقىن جايدىلا ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز» دېدى 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر بىرلەشمىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى چېن خۇڭبو مۇخبىرغا.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر بىرلەشمىسى مېيىپلەرنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ناھىيەلەردە مېيىپلەرگە ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت قىلىش سۇپىسى قۇرۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك مېيىپلەرگە مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ مۇلازىمەت بايلىقىنى بىرىكتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ناھىيە، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئورۇن بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىدىغان مېيىپلەر ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت تور بېكىتى قۇردى.

مېيىپلەر بىرلەشمىسىنىڭ سىياسىيلىقى، ئىلغارلىقى، ئاممىۋىلىقىنى ساقلاش ۋە كۈچەيتىشنى چۆرىدەپ، ئاپتونوم رايونلۇق مېيىپلەر بىرلەشمىسى باشقۇرۇش ئەندىزىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تولۇق قاپلانغان ئاساسىي قاتلام مېيىپلەر تەشكىلاتىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، مېيىپلەرگە ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت قىلىش سۇپىسى بەرپا قىلىپ، پۈتۈن ساھەدىكى جەمئىيەت سەپەرۋەر قىلىش مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مېيىپلەر بىلەن ئالاقىلىشىش، مېيىپلەرنى مۇجەسسەملەش، مېيىپلەر ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

(ئاخىرى 2- بەتتە)

### شېنجېن مەدەنىيەت كەسپلىرى كۆرگەزمە - سودا يىغىنىدا

## مەدەنىيەت - ساياھەت يۇغۇرما تۈرلىرى شىنجاڭنىڭ كېلىشىم ئىمزالاش يارقىن نۇقتىسىغا ئايلاندى

**مۇخبىرىمىز جاڭ خەيفېڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، 15 - نۆۋەتلىك جۇڭگو(شېنجېن) خەلقئارا مەدەنىيەت كەسپلىرى كۆرگەزمە - سودا يىغىنىدا، شىنجاڭنىڭ بىر تۈركۈم تۈرلىرىدە مەركەزلىك كېلىشىم ئىمزالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەدەنىيەت - ساياھەت يۇغۇرما تۈرلىرى شىنجاڭنىڭ كېلىشىم ئىمزالاش يارقىن نۇقتىسىغا ئايلاندى.

ئۈرۈمچى شەھىرى ئىمزالىغان تۇنجى چوڭ كېلىشىم —— سوممىسى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولغان «جۇڭخۇا . يىپەك يولى باش تېمىلىق شادلىق باغچىسى» ئۈرۈمچى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى(تۇدۇڭخابا رايونى)غا ماكانلىشىدۇ، بۇ تۈر ھازىرغىچە شىنجاڭ بويىچە ئەڭ چوڭ باش تېمىلىق شەھەر ساياھەت تۈرى ھېسابلىنىدۇ. «جۇڭخۇا . يىپەك يولى باش تېمىلىق شادلىق باغچىسى» سىناپ كۆرۈش شەكلىدىكى سەيلە - تاماشا باغچىسى بولۇپ، چوڭ تىپتىكى كارتون چاتما فىلىمى «چۈش كۆرۈشكە ئامراق ئۆسمۈر»دىكى ۋەقەلىك ئاساسىي كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئۆسمۈر باش پېرسوناژنىڭ رىۋايەت بىلەن تارىخ ئوتتۇرىسىدا زاماندىن ھالقىشى، يىپەك يولى ئىزىنى ئىزدىشى، چوڭ تىپتىكى يىپەك يولى كارۋانلىرىغا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشى ھەم قاتنىشىشىدەك ئاجايىپ سەپىرى نامايان قىلىنغان، ساياھەتچىلەر سەيلە - تاماشا باغچىسىدا بۇنىڭغا قاتنىشالايدۇ ۋە ئۇنى سىناپ كۆرەلەيدۇ. بۇ تۈرگە مەبلەغ سالغان شىنجاڭ جىنماۋ يىپەك يولى شادلىق باغچىسى پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى جوۋ سۇگرۇ مۇنداق بىلدۈردى: بۇ باش تېمىلىق شادلىق باغچىسىدا كارتون، رەقەملىك كۆڭۈل ئېچىش ۋە يىپەك يولى مەدەنىيىتى تولۇق يۇغۇرۇلغان، بۇ باغچە ھەم ئاجايىپ قىزىقارلىق، ھەم چوڭقۇر مەدەنىيەت ئاساسىغا ئىگە، شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز كارخانىلار يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى

**مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا** نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، تېخىمۇ كۆپ بىلىملىك، ماھارەتلىك، يېڭىلىق يارىتىشچان ئەمگەكچىلەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، يېقىندا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانىلار يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق چارىسى»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ۋاقىتلىق چارە» دېيىلىدۇ) ئېلان قىلىنغان. 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا كارخانىلار يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان.

كارخانىلار يېڭىچە شاگىرت تۈزۈمى ھۆكۈمەت يېتەكلەش، كارخانىلارنى ئاساس قىلىش، مەكتەپلەر قاتنىشىش پرىنسىپى بويىچە، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا - ماھارەت ئىش ئورنىغا يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلار ۋە ئىش ئورنى ئالماشقان خادىملارنى تەربىيەلەش ئوبيېكتى قىلىپ، «ئىشچى قوبۇل قىلغانلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغانلىق بولۇش، كارخانىغا كىرگەنلىك مەكتەپكە كىرگەنلىك بولۇش، كارخانا - مەكتەپ قوش ئۇستاز بىرلىشىپ يېتىشتۈرۈش»نى ئاساسىي ئەندىزە قىلىپ، كارخانا بىلەن مەكتەپ ھەمكارلىشىش، ئىشلەش بىلەن ئوقۇشنى گىرەلەشتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا - ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

## ئارزۇغا ئىنتىلىش يولىدا ياشلىق باھارىنى چاقنىتىش

### —— ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسى قۇمۇشئۆستەڭ كەنتىدىكى يۇرتىغا قايتىپ خىزمەت قىلغان ياشلار توغرىسىدا

سەلتەنەتلىك 70 يىل . كۈرەشچان يېڭى دەۋر

تيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا چوڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش

☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **لى لىن، ۋاڭ يۇجاۋ، ئۆتكۈر نىجات، چېن يۈۋېن**

ماي ئېيىدىكى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسى قۇمۇشئۆستەڭ كەنتىدە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. بۇ ئېغىر نامرات كەنتتە، بىر تۈركۈم ياشلار يۇرتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، تەشەببۇسكارلىق بىلەن شەھەرلەردە قېلىپ خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، بەزىلىرى كەنتتە قايتىپ ئوقۇتقۇچى بولدى، بەزىلىرى كەنت كادىرى بولدى. يېقىندا مۇخبىرلار بۇ ياشلارغا يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ جىسمىدىن ئارزۇ - ئۈمىدنى، مېھىر - مۇھەببەتنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقنى كۆردى.

■ **رازىيەم موللاك: «بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ»**

«مەن بىلىم تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ، دېگەن سۆزنى ئىسپاتلاپ، كەنتتىكى تېخىمۇ كۆپ كىشىنى مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىدىغان قىلماقچى.» 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى رازىيەم موللاك مۇخبىرغا مانا بۇنىڭ دەل ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدا يۇرتىغا قايتىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشتىكى ئەسلىي مەقسىتى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

رازىيەم قۇمۇشئۆستەڭ كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى. 2013 - يىلى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنى پۈتتۈرگەن رازىيەم ئاقتوقاي يېزىسىغا قايتىپ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشنى تاللىدى. 2014 - يىلى 3 - ئايدا، ئۇ قۇمۇشئۆستەڭ كەنتى باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز كەنتىگە قايتىپ ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

رازىيەم مۇلايىم، نازۇك قىزدەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق جىسمىدىن قەيسەرلىك چىقىپ تۇراتتى. 2004 - يىلى، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزدى، ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلىشقا سالماقچى بولدى، بىراق ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشتا چىڭ تۇردى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن رازىيەم ئارزۇسى بويىچە ئۈچتۇرپان ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇدى.

2007 - يىلى، ئۇ تولۇق كۇرسقا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نومۇر چېكىدىن 68 نومۇرنى يۇقىرى ئېلىشتەك نەتىجە بىلەن شىنجاڭ سىفەن داشۆسىگە قوبۇل قىلىندى، داشۆدىكى مەزگىلدە ئۇنىڭ ئىدىيەسى مۇنەۋۋەر بولغاچقا، قاتلاممۇ قاتلام تاللاش ئارقىلىق فىزىكا تەجرىبە سىنىپىغا كىردى.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

## كۈچنى مۇجەسسەملەپ «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى ياڭرىتىش

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە

—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

☐ **مۇخبىرىمىز رىن جياڭ**

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، خوتەن شەھىرىنىڭ ئىتتىپاق مەيدانىدا ناخشا ساداسى ياڭراپ، لەرزان ئۇسسۇل ئوينىلىۋاتاتتى، 19 - ماي جۇڭگو ساياھەت كۈنى شىنجاڭ ئاساسىي يىغىن مەيدانى پائالىيىتى رىپېتىتسىيە قىلىنىۋاتاتتى. بۇ يىللىق جۇڭگو ساياھەت كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر قىزىل ساياھەت، ئىستىراھەت - ئارام ساياھىتى، ئالاھىدە ساياھەت، تەتقىقات - ئۆگىنىش ساياھىتى، ساياھەت ئويۇنى كۆرسىتىش پائالىيىتى قاتارلىق 187 تۈرلۈك مەدەنىيەت - ساياھەت پائالىيىتى ئۆتكۈزىدۇ ھەم 112 تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش تەدبىرىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭ ئىچى - سىرتىدىكى ساياھەتچىلەرنى شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچىدىن قانغىچە ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

بۇ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان داۋاملىشىش. بۇ يىل 1 - پەسىلدە، شىنجاڭ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى 21 مىليون 395 مىڭ 200 ساياھەتچى قېتىمنى كۈتۈۋالدى، ساياھەت كىرىمى 24 مىليارد 441 مىليون يۈەن بولدى، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم 67.31% ۋە 72.77% ئېشىپ، يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىشتەك ياخشى ۋەزىيەتنى داۋاملىق ساقلىدى.

كىشىنى خۇشال قىلىدىغان سانلىق مەلۇماتنىڭ ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىنىڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، ساياھەت كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش جانلىق ئەمەلىيىتى بار. شىنجاڭدا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە كۈچەپ كەمتۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئەۋزەللىكلەرنى كۈچەيتىپ، ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونغا ھالقىشنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسى بارغانسېرى تونۇلدى.

(ئاخىرى 4- بەتتە)